# ئەل قىزى

**(ئەل قەلبىدە پۈرەكلىگەن**
**گۈلنىڭ ھېكايىسى)**

**ئابدۇۋەلى تۇرسۇن**

**ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئوقۇرمەن!**
**مەن تۆۋەندە سىزگە بىر گۈلنىڭ ھېكايىسىنى،بېغىدىن ئايرىلىپ گۈلزارنىڭ ھەسرىتىنى چېكىۋاتقان،شېخىدىن ئايرىلىپ ھىجران گۈلخانىدا تولغىنىۋاتقان ئۆزى نازۇك لېكىن قەيسەر،مېھرى ۋە چېھرى بىلەن مىسكىن كۆڭۈللەرگە تەسەللى بېرىۋاتقان بىر گۈلنىڭ ئاددى ،ئەمما تەسىرلىك قىسسىسىنى سۆزلەپ بەرمەكچىمەن.قېنى ئەمسە، ماڭا قۇلاق بېرىڭ:**
**ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە جاھاننامە ئەينىكى دەپ تەرىپلەنگەن تېلېۋىزور رەڭسىز ھالەتتە ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي رەڭلىك كاتتا تېلېۋىزورلارمۇ سالاپەتنى نامايەن قىلىشقا باشلىدى.ماس قەدەمدە ئېكرانلاردا تەمتىرەش،گاڭگىراش گىرەلەشكەن تۈرلۈك يېڭىلىقلار ،يېڭى پروگراممىلار پەيدا بولۇۋاتقان بىر پەيتتە، ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى بار چىمەن دوپپىلىق بىر ئوماق قىز سەبىيلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئېكراندا پەيدا بولدى. سانسىزلىغان ئۇيغۇر باللىرى ئېكراندىكى باللار بىلەن بىرلىكتە سېھىرلىك ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ئاشۇ قىزنىڭ جەلپكار چۈچۈك بايانلىرى ئارقىلىق ئاڭلاپ مەستخۇش بولدى.ھەتتا سەھرالاردىكى تالادىن كىرمەي ئوينايدىغان باللار، « تەڭرىتاغ غۇنچىلىرى »نىڭ مۇزىكىسى چىققان ھامان ئۆيلىرىگە يۈگۈرۈشۈپ، ئېكراندا ئۇنىڭ بىلەن ئوينايدىغان بولدى .ئۇ باللارنىڭلا ئەمەس ھەتتا ئاتا ئانىلارنىڭ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ سادىق دوستى بولۇپ قالدى. شۇندىن باشلاپ ئېلان، تېلېۋىيە فىلىم، كىنو ئېكرانلىرىدا ئۇ تونۇش سىماغا ئايلاندى. شۇ تەرىقىدە 21 -ئەسىرنىڭ دەرۋازىسىنىمۇ شۇ سۈيۈملۈك چىمەن دوپپا، بادام دوپپىلار بىلەن ئاچقان بۇ سۆيۈملۈك قىز جەمىيەت ئەمدىلا يانفون دەۋرىگە،ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم تاشلىغان بىر پەيتتە، ۋەتەن ئېكرانلىرىدىن تۇيۇقسىز غايىپ بولدى ۋە ئىسمىمۇ قانداقتۇر كىشىلەر ئاشكارا تىلغا ئالالمايدىغان سىرلىق بىر ئىسىم بولۇپ قالدى .**
**بۇ قىز زادى كىم ؟**
**ئۇ -**

نازۇككىنە يېتىلىپ،
بەرگىلىرى ئېچىلىپ ،
خۇشبېدىلىرى چېچىلىپ،
كۈي تۆككەن گۈل چېھرىدىن.

ئۇ ـ
سەھەرلەرگە تەلمۈرۈپ،
ۋىسال ئىزلەپ چۈش كۆرۈپ،
ھېجران ئارا مىڭ ئۆلۈپ،
مەھرۇم قالغان كۈلكىدىن.

ئۇ ـ
سەبىلەرنىڭ مۇڭدىشى ،
غەمكىنلەرنىڭ دىلدېشى،
تەنھالارنىڭ سىردىشى،
نۇر بېرىدۇ مېھرىدىن.

ئۇ ـ
مەزلۇملارنىڭ ئاۋازى،
ئۈمىدلەرنىڭ ئىزھارى،
دىل بېغىنىڭ باھارى،
ئەل شادلىنار سۆزىدىن .

ئۇ ـ
كارۋانلارنىڭ ئىزىدىن،
بوستانلارنىڭ قىرىدىن ،
چۆچەكلەرنىڭ ئىچىدىن،
يول ئىزلەيدۇ يېڭىدىن.

ئۇ ـ
ئۇيغۇر قىزى گۈلچېھرى،
ئەلنى سۆيگەن ئەل قىزى،
گۈل تەڭلەيدۇ ھەر ئىزى،
ئەلمۇ مەمنۇن ئۇنىڭدىن.

**ئۇ نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ،كۆزلىرىدىن سەبىلىك ۋە سەمىمىلىك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ،باللارنى قىزىق ـقىزىق چۆچەك ـھېكايىلەر بىلەن تەسەۋۋۇر ئالىمىدە پەرۋاز قىلغۇزسا،يېشىمى چوڭقۇر تېپىشماقلار بىلەن تەپەككۇر دېڭىزىدا ئۈزدۈرگەن، چوپ ـ چوڭ بولۇپ كەتسىمۇ باللار بىلەن ئويۇن ئويناپدىغان، كىچىك باللارنىڭ دوستى گۈلچېھرە .**

**« ئويناپدىغان بالا بارمۇ ؟»، «كىچىك دوستلار، ئېيتىڭلارچۇ ئۇ نىمە؟ » دەپ، ئۇسمۇر باللارنى كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ باللار دۇنياسىدىن كىشلىك ھاياتنىڭ رەڭۋاز سەھنىسىگە ئاستا ـ ئاستا كىرىپ كەلگەن، ئەمما يۈرىكىگە باللاردەك سەممىيلىك ۋە ئاقكۆڭۈللۈكنى تېڭىپ كەلگەن گۈلچېھرە.ئۆز غېمىدىن ئەل غېمىنى چوڭ بىلىپ، زالىمنىڭ زۇلمىدىن نەپرەتلىنىپ،رەڭۋازلىقتىن سەسكىنىپ،سەبىلەرگە ئېچىنىپ، ھەق يول ئۈچۈن مەئىشەتتىن كېچىپ،داۋانلار ئېشىپ، ھۆرلۈك غايىسى يولىدا ئىزدىنىۋاتقان گۈلچېھرە .**

**رەھىمسىز يىللار نۇرغۇن كەچمىشلەرنى ئۆز باغرىغا كۆمدى...**

**باشقىلار «چوڭ بولمامدىكى بۇ چۆچەكچى قىز »دەيدىغان گۈلچېھرەنىڭ ئۆزىنىڭمۇ مانا باللىرى بولدى، ئىككى قىز، بىر ئوغۇلغا ئانا بولدى. ئەمما،كۆڭۈل كۆزىدە تازا زەڭ سالسىڭىز ئۇ يەنىلا باللىق ھالىتىدە قېتىپ قالغاندەك.. .**

**ئۇ ھازىر 3 پەرزەنتنىڭ ئانىسى . ئۆز ئېلىدىن، تۇغۇلغان تۇپرىقىدىن ئۇزاقتا ،ناتونۇش ئەلنىڭ قۇچىقىدا ـ ئامېرىكىدا ياشاۋاتىدۇ. ئەمما ھەر دەقىقە ئائىلىسىنى ،ھەتتا ئالەمنى ۋەتەنگە ئايلاندۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە. باللىرىنىڭ دادىسى قازاقىستانلىق ئۇيغۇر. باللىرى ھەر ۋاق ئۇ ئۆز قولىدا ئەتكەن ئۇيغۇرچە تائاملارنى مەززە قىلىپ يېگەندە،< رەھمەت جېنىم ئاپا، ئاللاھقا شۈكۈر، ئۇيغۇر بالىسى بولۇپ تۇغۇلۇپتۇق، بولمىسا بۇنداق مەززىلىك پولو لەغمەن مانتىلارنى بىلمەي، يىمەي چوڭ بولاتتۇق ھە،> دېيىشىپ كېتىدۇ. دېمەك، ئۇ ھەر يۇتۇم سۇ،ھەر كاپام تاماق بىلەنمۇ باللىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا ۋەتەن ـ مىللەت سۆيگۈسىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشىدۇ ...چۈنكى ئۇمۇ شۇنداق چوڭ بولغان. ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكىدىن، ئۆز ئائىلىسىدىن، مىللىتىدىن، مەدەنىيىتىدىن،ئۆزى تەۋە توپلۇقنىڭ ھەممە نەرسىسىدىن پەخىرلىنىپ ئۇسۇپ يېتىلگەن .شۇڭا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ـ سىياقىدىن، قىلىقلىرىدىن، گەپ سۆزلىرىدىن ئۇيغۇرلىقى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ . ئويدىكىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىنلىرى ئۇنى <گۈل> دەپ چاقىرىدۇ . ساۋاقداشلىرى، مۇئەللىملىرىمۇ گۈل دەپ چاقىراتتى. ھازىرغىچە كوپچۇنچە ئادەم ئۇنى گۈل دەيدۇ . تەلەپپۇز قىلىش ئوڭايراق بولغاچ ئامېرىكىدىكى باشقا مىللەت كىشلىرىمۇ گۈل دەيدۇ.دېمىسىمۇ ئۇ ئۇيغۇرنىڭ بىر گۈلى ئىدى...**

يىللار ئۆتتى .ئۆز ۋاقتىدىكى سەبىيلەر چوپ-چوڭ ئادەم بولۇپ كەتتى.بىزنىڭ گۈلمۇ ھۆسنىگە تولۇپ ۋايىغا يەتتى .ئەمما، ھەر يۈرەكتە بىر سېغىنىش ئوتى ھېلىمۇ يېلىنجايدۇ...گۈلچېھرە ھازىرمۇ ئاشۇ بىغۇبار باللارنى،ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك دۇنياسىنى،ئۆزىنىڭ ئۆزلۈكىنى،تەڭرى تېغى ۋە ئۇنىڭ غۇنچىلىرىنى سېغىنىدۇ....

2001 يىلى -11 ئايدا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدا ئۇنىڭ تۇنجى ئاۋازى ياڭرىغاندا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن باشلاپ بارلىق يېقىن -يورۇقلىرىنىڭ بېشىغا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرخىل شەكىلدىكى توقماقلىرى تېگىشكە باشلىدى. ۋەتەن تۇپراقلىرىدا تۇنجى ئارخىئولوگ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلىم كارۋىنىنىڭ ئالدىدا يۈرگەن ھەم بىر ئۆمۈر بۇ يولدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان دادىسى ئابدۇقەييۇم خوجا ئەپەندى بىلەن خانىمىنىڭ پاسپورتلىرى مۇسادىرە قىلىندى.ئۇنىڭ ئېكران ھاياتىدىكى بارلىق خاتىرىلىرى غايىپ بولدى.ھۆرلۈك ئىزدىگۈچىنىڭ ئەتراپى ھۆرسىزلىككە مەھكۇم بولدى.
ئۇنىڭ ئازابلانغان،ئىزتىراب چەككەن، پۇچىلانغان، ئىككىلەنگەن كۈنلىرى بولدى، ئەمما ھېچ پۇشايمان قىلمىدى.چۈنكى، سۈكۈت ئۆلۈمگە ئەڭ يېقىن .ئۇ ئادالەتسىزلىككە جار سالدى، خەلقىنىڭ ئاۋازى بولدى.ئۇنىڭ روھىيىتى ئۇنى ئۇيغۇرنىڭ ئاۋازىغا ئايلاندۇرۇپ بولغان ئىدى. ھازىر ئۇ ئامېرىكىدىكى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدەك دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىن بىر خەلقئارالىق رادىئو - تېلېۋىزىيەسىنىڭ ئەڭ پېشقەدەم خىزمەتچىلىرىنىڭ بىرى، ئالىي دەرىجىلىك مۇخبىرى، تېلېۋىزىيە رىياسەتچىسى ۋە رېجىسسورى .

ئۇ يەنە ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە ساھەسىدە تۇنجى ۋە بىردىن بىر ھىجابلىق مۇخبىر رىياسەتچى بولۇپ قالدى . بۇ ئۇنىڭ كەسپىي ھاياتىدىكى ئۆزىدىن ئەڭ پەخىرلىنىدىغان تەرىپى .ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:
<كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تۇراقلىشىپ قالغان سىمارىمنى ئۆزگەرتىدىغان بۇ قارارنى ئېلىشىمغا 10 يىللارچە ۋاقىت كەتتى . مەن يېڭىلا ھىجابلىق ھالدا تېلېۋىزورغا چىقىشقا باشلىغان، جەمىيەتتە بۇنىڭغا قارىتا ئوخشىمىغان پىكىرلەر قايناۋاتقان بىر ئەسنادا داڭدار بىلىم ئادەملىرىمىزنىڭ بىرىنىڭ " ئاپىرىن سىڭلىم، خىتاي ھۆكۈمىتى دىنىي باستۇرۇشنى تازا كۈچەيتكەن بىر پەيتتە، ياغلىقىڭىزغا بىر بومبىنى يۆگەپ ئاتتىڭىز» دەپ مەدەت بەرگىنىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.
مەيلى قايسى جايدىن ئېكراندا كۆرۈنەي، قانداقلىكى سىياقتا كۆرۈنەي، خەلقىم مېنى سۆيدى،ئىزچىل قوللىدى، ئىلھام بېرىپ كەلدى، ئەلنىڭ سۆيگۈسى ۋۇجۇدۇمنى، قەلبىمنى ئىللىتتى.تا ھازىرغىچە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ قانداقلا جايىغا تېلېفون قىلاي، دائىم كىشىلەر ئاۋازىمدىن مېنى تونۇۋالىدۇ، بۇ مېنى ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ھاياجانغا سالىدىغىنىنى بىلمەيدۇ، بەلكىم . سۆيۈلگەنلىكنى ھېس قىلىشتىنمۇ تاتلىق بىر تۇيغۇ يوق دۇنيادا. ئەلدىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ كەلدىم،مەن ئۇيغۇرلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. ئاشۇنداق مىننەتسىز سۆيگۈ ئاتا قىلىدىغان، مۇھەببەت- نەپرىتى ئېنىق، بىراۋ ئازغىنە مېھىر بەرسە پۈتۈن يۈرىكىنى چىقىرىپ بېرىدىغان ئاجايىپ گۈزەل، ئاق كۆڭۈل بىر خەلقنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىكەنلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن> .

ئەمدى گۈلنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىش ھېكايىسىغا كېلەيلى، گەپنى يىلتىزىدىن يەنى ئائىلىسىدىن باشلايلى:

1973 يىلى 6ـ ئاينىڭ 17ـ كۈنى ئۇرۇمچىدىكى بىر زىيالى ئائىلىسىدە بىر بوۋاق دۇنياغا كەلدى. 8 يىل پەرزەنت ئارزۇسىدا تولغانغان ئاتا ـ ئانا ئۇچۇن ئاللاھدىن بېرىلگەن بۇ نېمەت پۈتۈن جەمەتنى ئالەمچە سۆيۈندۈردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ شۇ چاغدا بۇ جەمەت ئىچىدە بىردىن ـ بىر قىز نەۋرە ئىدى. ئۇ خېلى يىللارغىچە بۇ جەمەتنىڭ تەنها ئەركە مەلىكىسى بولۇپ ياشىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئىنىسى دۇنياغا كەلدى. گەرچە مەلىكىمىز ئەركە چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئىنىسىغا ئاجايىپ كۆيۈمچان ھەدە بولدى. ئۇ تولىمۇ تەلەيلىك ئىدى. يەنى بىر ئوماق ئىنىسى ۋە تولىمۇ ئىللىق بىر ئائىلىسى بار ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇنىڭ ھازىرقىدەك يېتىلىشىدە مەرىپەتپەرۋەر، سەنئەتخۇمار، مىللەتپەرۋەر، مېھرى ـ مۇھەببەتكە تولغان، ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ئالاھىدە تۆھپىكار ئائىلە سانالغان بىر ئائىلىدە دۇنياغا كېلىشى ۋە شۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولۇشى مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى...

ئۇنىڭ بوۋىسى ئۇيغۇر مۇقامشۇناس كومپوزىتور زىكرى ئالپەتتا ئىدى. ئۆزىنىڭ ئېسىل كىشىلىك پەزىلىتى ۋە مول كەسپىي بىلىمى بىلەن ھەممە ئادەمنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بۇ سەنئەت پېشىۋاسى ھەر تەرەپتىن گۈلچېھرە ئۈچۈن گىگانت سىما ئىدى. ئۇ مەكتەپكە كىرگەنگە قەدەر نەۋرە ئاكا ـ ئىنىلىرى بىلەن بوۋا ـ مومىسىنىڭ يېنىدا چوڭ بولدى. ئەڭ داڭلىق مۇزىكانتلار، ھەممە ھەۋەس قىلىدىغان ئارتىستلار، چولپانلار ئۇ چوڭ بولغان ئويگە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىشەتتى. مۇزىكىلىق مەشرەپلەر بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ناخشا ـ مۇزىكىغا ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن چوڭ بولدى. ئۆيىدىمۇ ساز ئۈزۈلمەيتتى، كەچلىك تائامدىن كېيىن بوۋىسىمۇ، دادىسىمۇ بىرەر پەددىن چېلىۋەتمەي ياتمايتتى. ھەممەيلەن يىغىلغانلاردا بولسا بايرام كەيپىياتى ئەۋج ئالاتتى. ئەمما پەقەت بوۋىسىلا كەسپىي سەنئەتچى ئىدى. شۇڭلاشقىمىكىن، بوۋىسى ئۇنىڭغا دۇنيادىكى ھەممىدىن قاۋۇل، مۇكەممەل ئادەمدەك بىلىنەتتى. شۇڭا ئۇنى« يوغان دادا»دەپ چاقىراتتى. بوۋىسىغا ئەگىشىپ ناخشا ئۇسسۇل ئۆگىنىشكە ئۆمەكتە ماراپ كۆرۈۋالغانلىرىنى دوراپ، ھېلى شېرىن، ھېلى سەنەم بولۇپ ياسىنىپ ناخشا ئېيتىپ، ئويناپ بەرسە، بوۋىسى ھەيران قېلىپ كۈلۈپ كېتەتتى. بەزىدە مەسىلىگى كېلىپ قاراپ، كوزلىرىگە ياش ئالاتتى. ئۇ كىچىكىدە مومىسىنى<ئاددىي ئۆي ئايالى> دەپ بىلەتتى. پاشا ئىشان، ماھىنۇر قاسىم دېگەندەك كاتتا ـ كاتتا ئاياللار <سەلىمە ھەدە، سەلىمە خانىم> دەپ مومىسىنى يوقلاپ كەلسە، كىچىك ئاپىلىرى< بۇ ئاپاشلار مومىڭىزدا ئوقۇغان ئىكەن>، دەپ پاراڭ قىلىپ قوياتتى. ئۇ كېيىن بىلدىكى، بىلىدىن پەشتامال چۈشمەيدىغان، باللار بېشىنى ئوچاق ئېتىۋەتسىمۇ بىرەر قېتىم "ھاي! "دەپ سىلكىپ قويمايدىغان بۇ موماي ئەسلىدە، 19 ئەسىرنىڭ بېشىدا تۈركىيىدە ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن ئىلىغا ئەڭ دەسلەپ يېڭى مائارىپنى ئېلىپ كىرگەن مەرىپەتپەرۋەر، تونۇلغان 10 ئەپەندىمنىڭ بىرى بولغان، ئىلى تەۋەسىدە ئابدۇللا تارىخ نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئابدۇللا غوجامبىر ھاجى ئوغلى يەنى مەشھۇر مەمەت ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ قىزى ئىدى (ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ<قەشقەر تارىخى>،<ئۇيغۇر تارىخى>،<ئىلى تارىخى> دېگەن كىتاپلارنى يازغانلىقى مەلۇم بولسىمۇ،لېكىن، ئالدىنقى ئىككىسى قولىيازما ھالىتىدە يۈتۈپ كەتكەن). ياتلىق بولۇشتىن ئىلگىرى، دادىسى ئابدۇللا غوجامبىر ھاجى ئەپەندى قورغاس مازارغا سالغان تۇنجى ئىلمىي مەكتەپ بولغان >ئۇمىد< مەكتىۋىدە قىزلارغا ئىلمىي نۇجۇم،

ئالگېبرالاردىن دەرس بەرگەن ئىدى . دىمىسىمۇ مومىسى سەلىمە ئابدۇللا ئاجايىپ ئەقىللىق، بىلىملىك ئايال ئىدى،تولۇقسىز ئوتتۇرىدا گۈلچېھرە يېشەلمىگەن ئالگېبرا مەسىلىلىرىنى يېشىپ بېرەتتى . ئەمما، ئۆزى توغرىلىق ھېچ ماختانمايتتى .

دادىسى ئابدۇقېيۇم غوجا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ئارخولوگ ئىدى،ئويىمۇ شۇ مۇزېينىڭ ئارقىسىدىكى ئائىلىلىكلەر بىناسىدا ئىدى.گۈلچېھرەنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى مۇزېيدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرۈپ ئادىتىگە دائىر كۆرگەزمىلەرنى خالىغانچە كېزىپ ئوتتى .ئۇ مۇزېينىڭ كۆرگەزمە زالىدىكى ھەر بىر ئاسارە- ئەتىقىنى يادقا دىگۈدەك بىلەتتى.تارىخ،ئارخېئولوگىيە،مەدەنىيەت،سەنئەت پېشىۋالىرى مۇجەسسەملەنگەن،كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەربىر قاتلىمىغىچە چۆشىنىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان بۇنداق جەمەت قويىندا يېتىلىش ھەركىمگە نېسىپ بولىۋېرىدىغان تەلەي ئەمەستە! مۇھەببەت، سەنئەت، مەدەنىيەت بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ ئائىلە تەربىيىسى ئۇنى ئاستا- ئاستا ئۇيغۇرلىقىدىن، ۋەتىنىدىن، ئەجدادلىرىدىن ئالەمچە پەخىرلىنىدىغان ،تولۇپ- تاشقان ئىشەنچ ،غۇرۇرغا ئىگە قىلىپ ئۆستۈردى. ئۇ كۆلۈپلا تۇرىدىغان،سەنئەت خۇمار، تالانتلىق، ئىرادىلىك، قىزغىن،ئاجايىپ خىيالچان، ھىسسىياتچان، تەسەۋۋۇرغا باي بىر قىز ئىدى .

ئۇ سەنئەت جەھەتتە تۇغما تالانتلىق ئىدى.

1980- يىلى -9 ئاينىڭ-1 كۈنى بوۋىسى گۈلچېھرەنى قولىدىن يېتىلەپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 -باشلانغۇچ مەكتەپكە بەردى. مەكتەپكە كىرىپلا ئۇنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكى كۆزگە كورۈنۈشكە باشلىدى. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپلا مەكتەپنىڭ ئۇسۇلچىسى بولۇپ قالدى.ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇنلۇق تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەندە، سىنىپ مۇدىرى تۇراپ دائىم مۇئەللىم ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ جاراڭلىقلىقىنى بايقاپ، دەرسلىكتىكى شېئىر -نەسرلەرنى ئۇنىڭغا ئوقۇتۇدىغان بولدى. بۇ خىل ئوقۇش جەريانلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىلھامىغا ئوت ياقتى. تۇنجى نەسرى «مېنىڭ چولپان يۇلتۇزۇم »تولۇقسىز -2 يىللىقتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا "شىنجاڭ گېزىتى"دە ئېلان قىلىندى. ئۇ مەكتەپتىكى "غۇنچە ئەدەبىيات كۇرژۇكى"نىڭ ئاكتىپ ئەزالىرىدىن ئىدى .كېيىنچە ھەتتا كۇرژۇكقا رەئىسمۇ بولدى.گەرچە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىزچىل ئۇنى سەنئەت مەكتەپتىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار ئۇسسۇل سىنىپىغا تاللىسىمۇ، ئائىلىسىنىڭ قوشۇلماسلىقى سەۋەبىدىن رەت قىلاتتى.بۇنىڭ ئەسلى سەۋەبى بوۋىسى زىكرى ئەلپەتتانىڭ گۈلچېھرەنى داۋاملىق ئوقۇسۇن، دىگەن ۋەسىيىتى ئىدى.پۈتۈن ھاياتىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا ئاتىغان بۇ ئەلسۆيەر بوۋاي نەۋرىسىنىڭ ئىلمىنىڭ ئۆزگە شاخلىرىدىنمۇ مېۋە ئۈزۈشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدى.بەلكىم ئۇ، بۇ ئوماق نەۋرىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن باشقىلار ھېس قىلمىغان تالانتنى كۆرگەندۇر... يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، گۈلچېھرە بۇنىڭ دانالارچە قارار بولغانلىقىنى رېئال ھاياتى ئارقىلىق ھېس قىلدى.

لېكىن قىزىق يېرى، بوۋىسى ھېچقاچان ئۇنىڭ ھەۋىسىنى توسمىغان ،ھەتتا ئۆزى ناخشىلارنى ئۆگەتكەن، ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ بەرگەن ئىدى. شۇڭىمۇ ئۇ، سەنئەت تالانتى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن تارتىپ ھەر تۈرلۈك ئوقۇغۇچىلار سەنئەت فېستىۋال پائالىيەتلىرىدە، چوڭ -كىچىك سەھنىلەردە، تېلىۋىزىيە سەنئەت پائالىيەتلىرىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ يېتىشتى. تۇنجى قېتىم شىنجاڭ تېلىۋىزىيىسى ئورۇنلاشتۇرغان سەنئەت مۇسابىقىلىرىدە ئۇسسۇل، دېكلاماتسىيە، خور تۈرلىرى بويىچە مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ مۇكاپاتلاندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوقۇغۇچىلار سەنئەت

فېستىۋاللىرىدا " قارا كۆزۈم" ،" گۈلگە قونغان كېپىنەك" ئۇسۇللىرى بىلەن بىرىنچىلىكنى ئالدى.
گۈلچېھرە ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، دادىسىنىڭ كۆندىلىك خاتىرە تۇتۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش تەلىپى بىلەن قولىغا قەلەم ئالدى.تەدرىجى قەلىمى پىشىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 2- يىللىقىدا <ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى>گە تاللانغان باللار ئەسەرلىرى قاتارىدا « مېنىڭ چولپان يۇلتۇزۇم » ناملىق نەسرى ئېلان قىلىنىپ، كىچىك يازغۇچى بولۇپ قالدى، دېكلاماتسىيە ۋە يېزىقچىلىق مۇسابىقىلىرىگە كۆپ قېتىم قاتنىشىپ مۇكاپاتلار ئالدى .
گۈلچېھرە تولۇق ئوتتۇرىنى نەتىجىلىك تاماملاپ-1991يىلدىن 1996 - يىلغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل- ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئوقۇدى . ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىپلا، بىرىنچى قېتىملىق سەنئەت كۆرىكىدە بىرىنچى بولۇپ باھالىنىپ كۆزگە كورۇنۇشكە باشلىدى . بىرىنچى يىللىقتىلا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىككى يىلدا بىر نۆۋەت ئوتكۈزىلىدىغان سەنئەت كۆرىكىدە <باغۋەن قىز>دىگەن ئۇسسۇلى بىلەن 1- دەرىجىلىك باھالىنىپ، كېيىن يەنە مەملىكەتلىك كۆرەككە تاللاندى. 1992-يىلى نويابىردا ياپونىيە پايتەختى توكيودا ئۆتكۈزۈلگەن 7- نۆۋەتلىك خەلقارا مىللىي ئۇسسۇل فېستىۋالىغا مەملىكەت ۋە ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇنىۋېرستېت ئوقۇغۇچىلىرى ۋەكىلى سۈپىتىدە قاتنىشىپ، ئالتۇن مىدالىغا ئېرىشىپ كەلدى ۋە بىردىنلا پۈتۈن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يۇلتۇزى بولۇپ قالدى . ئۇ چاغلاردا گۈلچېھرە چەتئەلگە مۇسابىقىگە چىققان بىردىن بىر ستۇدېنت ئىدى . <شىنجاڭ ياشلىرى> ژورنىلى مەخسۇس مۇقاۋىسىدا ئۇنىڭ سۈرىتىنى چىقىرىپ، «ئۇسسۇلنىڭمۇ پەرۋانىسى بار » دىگەن ماقالە بىلەن تونۇشتۇردى.
ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە ئۇدا ئىككى نۆۋەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەنئەت فېستىۋالىدا ئەڭ ياخشى ئورۇنلاش مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى بولدى. تېلېۋىزىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت بوستانى، گۈلدەستە،نورۇز كېچىلىكلىرىدە نومۇر ئورۇنلىغاندىن باشقا 1995-يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو-تېلېۋىزىيىسىنىڭ نورۇز سەنئەت كېچىلىكىگە تۇنجى قېتىم تەكلىپلىك رىئاسەتچى بولدى ۋە شۇندىن ئېتىبارەن ئۇنىڭدا تېلېۋىزىيە ساھەسىگە قىزىقىش باشلاندى. پاتىگۈل سەئىدى، گۈلشەن ئابدۇرېھىمدەك پېشقەدەم دېكتورلارنى ئۇستاز تۇتتى،«كۆركەم تەڭرى تاغلىرى، ئەي نادان » قاتارلىق بىر قانچە MTV دە رول ئالدى.
1996 - يىلى باكالاۋورلۇقنى ئېلىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەندە، مەكتەپ ئۇنى ئېلىپ قالماقچى بولدى. ئەمما، ئۇ ئوزى تېلېۋىزىيە ساھەسىدە خىزمەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى، ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرۇش پۇرستى بېرىشنى سوراپ، تەكلىپنى چىرايلىق رەت قىلدى .

هالبۇكى،ئۇنىڭ تېلېۋىزىيە چۈشى ئويلىغىنىدەك ئۇنداق ئاسان بولمىدى، بۇ يەردە كىچىككىنە بىر قىستۇرمىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز:
1996- يىلى 7- ئايدا، گۈلچېھرە شۇ چاغدىكى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئىشخانىسى مۇدېرى يالقۇن مۇئەللىمنىڭ ھەمراھلىقىدا، زور ئىشەنچ بىلەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىو-تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسىنىڭ خىزمەتكە قوبۇل قىلىش بۆلۈمىگە كىرىپ كېلىدۇ. ئىشخانىدا رېن فامىلىلىك قاپىقى يامان، ئىگىز بويلۇق 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال ، نېمىگە كەلدىڭلار؟ دىگەندەك ئۈن-تىنسىز بېقىپ تۇرىدۇ.بۇ چاغدا يالقۇن مۇئەللىم بىراز ھاياجانلانغان ھالدا < بۇ بىزنىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى گۈلچېھرە،بىز ئۇنى ئەسلى بەش يىلدىن بېرى مەكتەپكە ئېلىپ قالىمىز، دەپ تەربىيىلىگەن. ئەمما، ئۆزى تېلېۋىزىيەگە قىزىقىمەن،

دېدى. ئۇنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ ئېلىپ كېلىشىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تېلېۋىزىيىسىنىڭ پروگراممىلىرىغا قاتنىشىپ كەلگەن . مەكتەپ رەھبەرلىكىمۇ بۇ ئىختىساسلىق تالانتلىق ئوقۇغۇچىمىزنىڭ سىلەرنىڭ ساھەدە نەتىجە يارىتىشىغا ئىشىنىمىز> دەپلا گۈلچېھرەگە، قولىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش دېپلومى، باكالاۋرلىق گۇۋاھنامىلىرىنى ئۇنىڭغا بېرىشنى شەرەت قىلىدۇ . گۈلچېھرەمۇ تەييارلىۋالغان ئاپتونوم رايون، مەملىكەت، ھەتتا خەلقارالىق سەنئەت مۇسابىقىلىرىدە ئېرىشكەن بارلىق گۇۋاھنامە،ئىسپاتلىرىنى ئۇنىڭ ئۈستىلىگە قويىدۇ ۋە ھاياجان، ھودۇقۇش ، تارتىنىش ئارىلاشقان ئىشەنچ بىلەن جاۋاپ كۈتىدۇ. ئەپسۇس، رېن فامىلىلىك خىتاينىڭ < بىزگە بۇ يىل ئىدارىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىدىن باشقا ئادەم ئېلىش سانى بەرمىدى. ئۇنداق پىلانىمىز يوق!> دىگەن قوپال سۆزى ئۇنى بېشىدىن سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكتۈرۈپ، تېڭىرقاپ تۇرغان دەقىقىدە، خىتاي ئايالنىڭ قولىدىكى كىنىشكا-دېپلوملارنى ئۈستەلنىڭ بۇ تەرىپىگە پىرقىرىتىپ ئېتىشى گۈلچېھرەنى ئاجايىپ خورلۇق ھېس قىلدۇرۇپ ،سەبىر قاچىسىنى پارە-پارە قىلىدۇ. < 16يىل ئوقۇپ، جاپا تارتىپ ئالغان بۇ كىنىشكىلەر بىر قاراشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان نەرسە بولسا، ماڭىمۇ كېرەك ئەمەس>دېگىنىچە كىنىشكىلەرنى زەردە بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ياندۇرۇپ ئاتىدۇ-دە، ئىشىكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدۇ... ئەتىسى مەكتەپ مۇدىرى ئۇنى ئىشخانىسىگە چاقىرتىدۇ . يالقۇن مۇئەللىم ، مەكتەپ مۇدىرى ئابلەت ۋە ۋاڭ فامىلىلىك مەكتەپ پارتكوم سېكرېتارى ئۇنىڭ ئالدىراقسانلىق ۋە ئەدەبسىزلىك قىلغىنىنى بىرەر قۇر تەنقىدلەپ، رادىئو- تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى باشلىقىدىن تېلېفون كەلگەنلىكىنى، ئۇنى ئىشخانىسىگە چاقىرتقانلىقىنى، دەرھال بېرىپ كەچۈرۈم سورىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، ئاگاھلاندۇرىدۇ . گەرچە ئۇ، كەچۈرۈم سوراشنى رەت قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى ئوقۇتقۇچىلىرىغا يۈز كېلەلمەي، نائىلاج، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىغا بارىدۇ.

ئويلىمىغان يەردىن، رادىئو -تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ئابلىز ئابدۇرېھىم ئەپەندى كۆزەينەكنى بىر ئاز تۆۋەن چۈشۈرۈپ ئۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ناھايىتى ئېغىر-بېسىق، ئەمما، سەل گۇمانلىنىۋاتقاندەك ئاۋازدا < بىزنىڭ رېن جۇرېننىڭ يۈزىگە كىنىشكە ئاتقان قىز سىزمۇ ؟ > دەپ سورايدۇ،<ھە مەن، لېكىن يۈزىگە ئاتمىدىم. ئۇ نەگە ئاتقان بولسا مەنمۇ شۇ يەرگە ئاتتىم > دەيدۇ گۈلچېھرە تەمكىنلىك بىلەن. <رېن جۇرېن سىزنىڭ كەچۈرۈم سورىشىڭىزنى تەلەپ قىلىپ، ئەرز قىلىپ كىرىپتۇ. يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىپتىكەن، مەن تېخى يۈزىگە ئاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن> دەيدۇ چىرايىدا بىر خىل قىزىقىش ئىپادىلەنگەن ھالدا .بۇ ھال گۈلچېھرەنى بىرئاز تەئەججۈپلەندۈرسىمۇ، ئەمما، چاندۇرمايدۇ ۋە < ئاۋال ئۇ ماڭا ئاتقاندىكىن، ئۇ ئاۋال سورىسۇن، ئاندىن، مەن سوراي، چۈنكى، ئۇ مېنىڭ 16 يىل تىرىشىپ ئالغان كىنىشكىلىرىم ئىدى. ئۇ كۆزگە ئىلمىغاننى ئاز دەپ، ئالدىمغا ئېتىۋەتتى. مەن شۇنچىلىك كۆپ ئارزۇ ئارمانلار بىلەن بۇ يەرگە ....> دەپ كېلىپ يىغلىۋېتىدۇ.

ئابلىز ئاكا ئۇنىڭ ئۆزىنى بېسىۋېلىشىنى كۈتۈپ، ئاندىن قىزنىڭ قىياپەتتە بىر نەزەر تاشلاپ بولغاندىن كېيىن، كىمنىڭ قىزىسىز؟ دەپ سورايدۇ . بۇ سوئال گۈلچېھرەنى بىراز ئەندىشىگە سالىدۇ .چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ يەرگە خىزمەت ئىزدەپ كەلگىنىدىن دادىسى خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ ئىچىدە< دادامغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەردىم>، دەپ ئويلاپ ئەنسىرەيدۇ. ئەمما، <ئابدۇقەييۇم خوجا> دىگەن ئىسىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللار ئۇنى باشقىچە ھېسلارغا چۆمدۈرىدۇ. ئابلىز ئەپەندى كىتاپ ئىشكابىدىن« مايتېرى سېمىت »، « قەدىمىي ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن

تالللانما »، « غەربىي يۇرت ۋە قەدىمىي مەدەنىيەت » نامىلىق 3 كىتابنى ئېلىپ،<دادىڭىزغا دەپ قويۇڭ، بۇ كىتابلار ئۇنىڭ بويىي بىلەن تەڭ ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز ...>دەيدۇ ۋە ئارقىدىن <سىز دادىڭىزنىڭ قىممەتلىك بىر تال قىزىغۇ>، دەپ ئەسكەرتىپ قويىدۇ .
ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن<ئەگەر سىزنى تېلىۋىزىيە ئىستانسىغا خىزمەتكە ئالساق نىمە قىلالايسىز، بۇ يەرگە كېلىشتە بىرەر پىلانىڭىز بارمۇ ؟ ئاڭلاپ كۆرەي>دەپ سورايدۇ .شۇندىلا گۈلچېھرە جانلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىستەكلىرىنى ئوتتۇرىغا توكىدۇ...

ئابلىز ئاكا ئۇنىڭ گەپلىرىنى ھەۋەس بىلەن ئاڭلاپ ۋە ئارىلاپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ سۆزلىشگە رىغبەت بېرىدۇ . بىرەر سائەتتەك سۆھبەتتىن كېيىن، ئۇ بىر پارچە قەغەزگە قىسقىچە بىر نىملەرنى يېزىپ" بۇنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تېلىۋېزىيە ئىستانىسسىنىڭ سەنئەت بولىمگە بېرىپ بۆلۈم باشلىقى خۇرشىدە غۇپورغا تاپشۇرۇڭ "، دەيدۇ ۋە ئارقىدىن " ئاشۇ كىنىشكىنى ئاتمىغان بولسىڭىز بۇ خىياللىرىڭىزنى بىلدۈرۈش پۇرستىمۇ بولمايتتى قىزىم . خاتىرجەم ئىشىڭىزنى باشلاڭ "دەپ قوشۇپ قويىدۇ.
شۇنداق قىلىپ، ئۇزۇندىن كۆرۈۋاتقان چۈش رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

تېلىۋىزىيە خىزمىتى بولۇپمۇ، رىياسەتچىلىك ، رېژىسسورلىق ئۇنۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما، ئېنىق ئۆلچىمى يوق. كۆرگۈچىلەرنىڭ، دەۋرنىڭ تەلىۋىگە ماسلىشىپ، ئېكراندا ئۆزگىچە ئوبراز خاسلىقنى نامايەن قىلالىغانلار داڭلىق رىياسەتچى بولالايدۇ .گۈلچېھرە تېلېۋىزيە ساھەسگە قەدەم تاشلىغان مەزگىل دەل تىل ئىشلىتىشكە، ئۇسلوب يارىتىشقا ماھىرلار تېلىۋىزىيە ساھەسدە كۆزگە كۆرۈنىۋاتقان پەيت ئىدى.ئېقىم ۋە ئۇسلوبتا دورامچىلىق قىلغان رىياسەتچى مەغلۇپ بولاتتى.ئۇ ئىزدىنىپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى كىچىك قىزنى ئويغاتتى. خاسلىقنى تېپىۋالدى. ئۇ باللارنىڭ ئارزۇسنى ئېقىم؛ تەبىئىيلىكنى ئۇسلوب قىلدى ۋە غەلبە قازاندى .ئۇ دەسلەپ 3 ئاي تىرىشىپ ئۆگەندى، 10-ئايدا بىرقانچە ياش ،ئىجادچان كەسپداشلىرىنىڭ ھەمكارلىششىدا ئۇسمۇر باللار ئۇچۇن ھەپتىدە بىر تارقىتىلىدىغان "تەڭرىتاغ غۇنچىلىرى پروگراممىسى"نى رىياسەتچىلىكى، فىلىم ئاپتورلۇقى، فىلىم رېجىسسورلۇقىدىن ئىبارەت كۆپ خىل ۋەزىپىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەپ، يورۇققا چىقاردى. بۇ پروگراممىا دەسلەپتىلا ئىنتايىن قىزغىن ئالقىش، يۇقۇرى باھالارغا سازاۋەر بولدى . باللار ئەدەبىياتى، باللار مۇزىكىلىرى، باللار تەربىيە خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن ئىجدىھادلىق ئۇستازلاردىن ئۆگەندى. ئۇلارنىڭ تەۋسىيەلىرىگە قۇلاق سالدى.خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ،كىلاسسىك ئەسەرلەرنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، يېڭىچە بىر باللار پروگراممىسنى شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشتى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى نەمۇنىلەر ئىچىدىن تاللانغان چۆچەك، مەسەللەر باللارنىڭلا ئەمەس، ئاتا- ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ قىزغىن ئالقىشغا ئېرىشتى .باللاردىن توختىماي خەت كېلىشكە باشلىدى .
بۇ جەرياندا ئۇنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىمۇ بولدى.، بىر كۈنى ئۇ دوستلىرىنىڭ « چېچىڭىنى قىسقا كېسىۋەتسەڭ تېخىمۇ كىچىك، ئوماق بولۇپ كېتىسەن » دىگەن سۆزىگە كىرىپ، چېچىنى كېسىۋېتىدۇ .كۈتۈلمىگەن يەردىن، دادىسىنىڭ « سىزنى بۇنداق يەڭگىلتەكلىك قىلىدۇ دەپ ئويلىماپتىمەن، مۇنداقمۇ مەسئۇلىيەتسىز بىر قارارنى قانداق ئالدىڭىز ،كىمدىن سوراپ ئالدىڭىز، سىز سىزگىلا مەنسۇپ ئەمەس؛ سىزنىڭ چېچىڭىزمۇ سىزنىڭلا ئەمەس كۆرگۈچىلەرنىڭ، سىزگە

ئەگىشىۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ چېچى. ئۇلارمۇ دوراپ چېچىنى كەسسۇنمۇ؟ سىزنىڭ چېچىڭىز < ئۇيغۇر دىگەن مۇشۇنداق چاچ قويىدۇ، بېشىغا دوپپا كىيىدۇ> دەپ قىزلىرىنى تەربىيلەۋاتقان ئاتا-ئانىلارنىڭ، مىللەتنىڭ چېچى.، بۇ بىر ئوبراز. ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئوبرازىنى بۇزۇشقا نېمە ھەددىڭىز ؟ھەر بىر ئىش ھەركىتىڭىزگە مەسئۇل بولۇشنى ئۆگىنىڭ ...» دىگەن ئاچچىق تەنبىھگە ئۇچرايدۇ .ئۇ قىسقا چېچى بىلەن پروگراممىغا چىقىپ ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ، تەنقىد خەتلىرى يېغىپ كېتىدۇ، ھەتتا، ئىستانىسا باشلىقىمۇ چاقىرتىپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقىنى تەنقىد قىلىدۇ . گۈلچېھرە دادىسىنىڭ دانالىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىدۇ. . ئۇ كېيىنكى قىسىم پروگراممىدا بازاردىن يالغان چاچ سېتىۋېلىپ، چاندۇرماي ئۇنى ئىككى ئۆرۈمە قىلىپ ئۆرۈپ بېشىغا كىيىپ،بۇرۇنقى سىياقىغا كېلىپ، ئوبرازىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ئەمما، باللار قىززىقچىلىق قىلىپ خەتلىرىدە < گۈلچېھرە ھەدە زادى قىسقا چېچىڭىز يالغانمۇ ياكى ئۇزۇنمۇ؟> دەپ سورىشىدۇ.

نازارەتنىڭ يىلىق باھالىشىدا نازارەت ۋە ئىستانىسا باشلىقلىرى ئالاھىدە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، مۇشۇنداق تالانتلىق، ئىقتىساس ئىگىلىرىنى كۆپەيتىش كېرەكلىكىنى تەكتلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قىسقا ۋاقت ئىچىدە ئۇ ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ تۇنجى تېلىۋېزىيە رىياسەتچىسى بولۇپ قالىدۇ ۋە <تارىم غۇنچىلىرى> ژورنىلىدا تونۇشتۇرىلىدۇ. شىنجاڭ تېلىۋېزىيىسىدە قوش تىلدا >ئا دەرىجىلىك< رىياسەتچى بولۇپ، تېلىۋېزىيە رېجىسسورلىقىغا كۆتۈرۈلىدۇ . ئۇستاز رېجىسسورلاردىن كەمتەرلىك بىلەن تەلىم ئېلىپ كۈندىن-كۈنگە پىشىپ-يېتىلىدۇ ۋە پروگراممىلارغا، چوڭ تىپتىكى كېچىلىكلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. ھەتتا، ئۆز ئالدىغا فىلىم ئىشلىگۈچى ھەم فىلىم رېجىسسورى بولۇپ نۇرغۇن فىلملەرنى ئىشلەيدۇ. . ختايچە تىلى بىر قەدەر ياخشى بولغاچقا ختاي ئۆلكىلىرى بىلەن ئىستانسىنىڭ ھەمكارلاشقان فىلىم ۋە كېچىلىكلىرىگە، مەركىزى تېلىۋېزىيىسىنىڭ چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە فىلىم ۋە كېچىلىكلىرىگىمۇ تەكلىپ بىلەن ئىشلەپ، كەڭ دائىرىدە تونىلىدۇ.

بالىلار بايرىمى كېچىلىكى ئۈچۈن رىياسەتچىلىك قىلىپ ئىشلىگەن پروگراممىلىرى توت يىل ئۇدا مەملىكەتلىك " تۇلپار" مۇكاپاتىغا،ئاپتونۇم رايون دەرىجىلىك تېلىۋىزىيە پروگراممىلىرىنى باھالاشلاردا <نادىر فىلىم> مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشىدۇ. بۇ يەردە بۇ خىل نەتىجىلەرنىڭ ھەممىنى بىرمۇبىر كۆرستىش ھاجەتسىز.

رېجىسسورلار ئۇنىڭ ئاكتىيورلۇقتىكى تالانتىنى كۆرۈپ كىنولارغا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئۇ <ماھىرەنىڭ ھەسرىتى>، <تۆمۈر ئاتلىقلار> دىگەندەك قىسىملىق تېلىۋىزىيە فىلىملىرىدە رول ئالىدۇ .

ئېتىبارغا ئېلىنغانسېرى، كۆزگە كۆرۈنگەنسېرى گۈلچېھرەنىڭ يولى راۋانلاشتى،ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، ختاي ئۆلكىلەرنىڭ تېلىۋېزىيىلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىل بولۇپ رىاسەتچىلىك قىلدى . مەركىزى تېلىۋېزىيىسىنىڭ مىللەتلەر مەدىنىيىتىگە، دېھقانچىلىققا ئائىت مەخسۇس سەھىپىلىرىگە رىئاسەتچى،مۇخبىر بولۇپ قاتناشتى .

خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇپ -شىمالىدىكى ھەر بىر يېزا -مەھەللە، ئۆتەڭلەرگىچە بېرىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدىنىيىتى، ئۆرۈپ- ئادەتلىرى، رېئال ھاياتى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆزىنى ۋە خەلقنى چۈشىنىش،تونۇش پۇرستىگە ئىگە بولدى. بۇ ئارىدا ھەتتا بىگىتۋەن مەيدانلىرى،ختاي شەھەرلىرىگىمۇ بېرىش پۇرسەتلىرى بولدى. زىيارەت جەريانى ئۇنىڭغا نۇرغۇن پىكىرلەرنى،سېلىشتۇرمىلارنى ، مۇلاھىزىلەرنى بەخش ئەتتى.ھاكىمىيەت ئىگىلىرىنىڭ ئۆزى ئارقىلىق

خەلققە سۇنىۋاتقان ساختا تەشۋىقاتلىرى بىلەن رېئاللىقنىڭ تۈپتىن قارىمۇقارشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ئەمما، مەۋجۇت شارائىتتا ئۇ سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. يۈرىكىدە بولسا بىر ئىسيان، ۋىجدان چۇقانى ئۇنى توختىماي قىينايتتى...
. 1990 - يىللارنىڭ ئاخىرى ئىلى ۋەقەسى، دېمەك شاۋېيڭنىڭ ئۆلىمى، فالۇنگوڭنى باستۇرۇش دېگەندەك چوڭ - چوڭ سىياسىي ۋەقەلىكلەر ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى. رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسىمۇ ئالاھىدە سەزگۈرلەشتى. ھەرۋاقىت رەھبەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ كومپارتىيىنىڭ بوغۇزى ئىكەنلىكى، رادىئو - تېلېۋىزىيە خىزمىتى - - پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى ئىكەنلىكى ۋە ھەركىمنىڭ شەرتسىز ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىتائەت قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيتتى. ئەلۋەتتە باللار پروگراممىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى.
1998- يىلى خوڭكوڭ خۇايۇ تېلېۋىزىيىسىنىڭ زەردارلار سەھىپىسىگە تەكلىپ قىلىندى ۋە 12 قىسىم فىلىمگە خىتايچە رىئاسەتچىلىك قىلدى. بۇ جەرياندىمۇ خىتاي تېلېۋىزىيىدىكى ئەركىنلىك بىلەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى چەكلىمىلەرنى ، ئادالەتسىزلىكنى ھەر جەھەتتىكى ئىمتىيازلاردىكى ئاسمان- زېمىن پەرقلەرنى پەرق ئېتىش، سېلىشتۇرۇش پۇرسىتىگە نائىل بولىدۇ.
شۇ يىللىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇنلۇق رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى خەۋەر بۆلۈمى بىلەن شەندوڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىرلىشىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتىۋاتقان رەزىل سىياستىنى پەردازلاپ كۆرسەتكەن «شەندوڭنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە قىلغان ياردەملىرى» دېگەن تېمىدا 10 قىسىملىق پروگراممىا ئىشلەيدۇ. بۇنىڭ مەخسۇس بىر قىسمى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چېڭداۋ شەھرىدىكى 2- ئوتتۇرا مەكتەپتە تەسىس قىلغان >شىنجاڭ سىنىپى< ھەققىدە ئىدى. بۇ فىلىم، ئەينى چاغدىكى خىتاي كومپارتىيىسى ئۇيغۇر ئېلىگە قويغان پارىخور ئەمەلدارى ۋاڭ لېچۈەنىنىڭ پىلانى ۋە تەلىۋى بىلەن ئىشلەنگەن ئىدى. گۈلچېھرەمۇ بۇ فىلىمنى ئىشلەشكە ئىشتىراك قىلىدۇ ھەم بىر ئايدەك فىلىم ئىشلەش جەريانىدا بۇ يۈرگۈزۈلىۋاتقان سىياسەتنىڭ رەزىل مەقسەتلىرى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تونۇشقا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدە >خەلقىمنىڭ مۇھەببىتىنى سۇيئىستىمال قىلىپ، ھەققەتنى ھىمايە قىلماستىن، ئۇنى بۇرمىلاپ مىللەتنىڭ، ئەۋلاتلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئاسىيلىق قىلىۋاتامدىم ؟! دېگەن بىر ئاچچىق سوئال، بىر نارازىلىق، بىر بۇرۇختۇملۇق پەيدا بولۇپ، ئۇنى قىيناشقا باشلايدۇ.
دەل شۇ پەيتلەردە، يەنى شەندوڭدىن كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، گۈلچېھرەگە چەتئەلگە قىسقا مۇددەتلىك ساياھەتكە چىقىش پۇرستى نېسىپ بولىدۇ. مېڭىش ئالدىدا ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ چوقۇم قايتىپ كېلىش ھەققىدىكى تەكرار- تەكرار تەكىتلەشلىرى بىلەن ۋەدىنامىلەرگە قول قويۇپ، ئاخىرى ئوڭۇشلۇق چېگرادىن چىقىپ ئەركىن دۇنياغا پەرۋاز قىلىدۇ. ئۇ شۇنى بىلەتتىكى ،بېشىدىن كەچۈرگەن رېئاللىق ئۇنىڭغا ئاللىقاچان كېيىنكى مەنزىلىنى كۆرسىتىپ قويغان ئىدى. بۇ قېتىمقى سەپەر ئۇنىڭغا ئەنە شۇ غايىسىنىڭ يېڭى پۇرستىنى بەخش ئەتكەن ئىدى...

ئۇ چەتئەلگە چىقىپلا، ۋەتەندە چالا- پۇچۇق ئاڭلاپ قالىدىغان ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنى تۇنجى قېتىم تولۇق ۋە ئېنىق ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدى. تۇنجى ئاڭلىغان كۈنى ئۇ ئۇزۇنغىچە بوغۇلۇپ- بوغۇلۇپ يىغلىدى، ھەتتا ئاۋازلىرى پۈتۈپ قالدى... چۈنكى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مىيونخېندىكى بىر نامايىشىدا « ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك ! خىتايلار ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن!< دېگەن جەڭگىۋار ئاۋازلار يۈرىكىنى ھاياجانغا سالسا، لەپىلدىگەن كۆك بايراقلار قانلىرىنى

دولقۇنلاتقان ئىدى ...
سىرتقى دۇنيا ئۇنىڭ ئۈچۈن يېپ ـ يېڭى تۇيۇلدى.ئۇ كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ توختىماي
خەۋەرلەرنى، ئۈچۈرلارنى ئىزدەپ ئوقۇدى، ھەيران بولدى،تەسىرلەندى،ھاياجانلاندى.كوپكۆك ئاي
يۇلتۇزلۇق بايراقنى  نامايىشچىلار قولىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى . ئۆزىنى شۇ بايراقنى تۇتقان
كەبى تەسەۋۋۇر قىلدى، قانلىرى دولقۇنلاندى...ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ تامامەن باشقىچە بىر ئادەمگە
ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.يۈرىكى ۋەتەنگە تەلپۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئەمما، ئەمدى ئۇنداق
ساختا ھايات ئىچىدە ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.قايتا بېرىپ ئىشنى داۋاملاشتۇرسا، ئۆزىنى
ئەۋلاتلار ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ سادىر قىلدىغاندەك سەزدى.ئۇنىڭ تۇيغۇلىرى ئۇنىڭغا:بۇندىن
كېيىنكى مەنزىلىنىڭ مۇشۇ يەردە ---ھۆر دۇنيادا باشلىنىدىغانلىقىنى پىچىرلايتتى.
ئازاپلىق ،تەكرار-تەكرار ئويلىنىشلاردىن كېيىن، ئۇ ئاخىرى مۇشۇ تۇپراقتا قېلىشنى قارار قىلدى.
ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركىن ئاسىيا رادىيوسدا رولىنى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىغا
ئىشىنەتتى.ئەمما، بۇ ئارزۇ قىلىش بىلەنلا پۈتىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇزاق تېڭىرقاشتىن كېيىن،
ئۇ
ئاخىرى بارلىق جۈرئىتىنى يىغىپ ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ۋە قۇرغۇچىسى
دوكتور دولقۇن قەمبىرى ئەپەندىگە  تېلفون قىلدى .ئىشلار ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ تېز بولدى.ئۇنىڭ
كەسپى ئىقتىدارىنى ياخشى بىلگەن  ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى رەھبەرلىكى، ئۇنى  ئىنتايىن خوشاللىق
بىلەن تېزلىكتە قوبۇل قىلىپ، ئىلىپ كەلدى .بىرىنچى قول دېرىكتور شۇ چاغدا >ئەركىن ئاسىيا
رادىئوسىغا خۇش كەلدىڭىز، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى سىزگە ئوخشاش ئەركىنلىككە
تەلپۈنگەنلەرنىڭ رادىئوسى، جۈرئىتىڭىزگە بارىكاللا، بىزمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ داڭلىق
تەشۋىقاتچىسىنى ئۆزىگە قارشى ئىشلىتەلىگىنىمىزدىن چەكسىز خوشالمىز،بۇ دېموكراتىيىنىڭ
كوممۇنىزىم ئۈستىدىكى غەلىبىسى، ئەركىنلىكنىڭ غەلىبىسى< دېگەن ئىدى .ھەتتا
دادىسىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان گۈلچېھرەنىڭ بۇ قارارىنى دادىسى ئابدۇقەييۇم خوجا
ئەپەندىمۇ كېيىنرەك بىلدى. چۈنكى، گۈلچېھرە شۇنى بىلەتتىكى،ناۋادا دادىسى بىلەن تېلېفوندا
سۆزلەشسە، ئۆزى ئۈچۈن تولىمۇ سۆيۈملۈك بولغان دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، قارار ئېلىشىغا
تەسىر كۆرسىتىشتىن قورقاتتى.چۈنكى، ئۇ دادىسىنى جېنىدىن ئارتۇق كۆرەتتى.ئۇلارنىڭ قەلبلىرى
شۇنچىلىك يېقىن ئىدىكى ،بىربىرىنىڭ كۆزىدىن سۆزلىرىنى چۈشىنەتتى.ھەتتا ئىما-ئىشارەت
،سۆكۈتلىرىدىكى مەنالارنىمۇ ھېس قىلىشاتتى.ئۇلار بىربىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن ئىدى... .
دادىسىنىڭ كېيىن قىزىغا «ئەل رازى، خۇدا رازى، ئاھ مېنىڭ نازۇگۇم قىزىم ...» دېگەن يېرىم
جۈملە سۆزى ئۇنىڭ قارارىدا چىڭ تۇرۇشىغا كۇپايە بولدى . -2011-يىلى 11 - سېنتەبىر
قالايمىقانچىلىقلىرىدىن كېيىن ، گۈلچېھرە ئاخىرى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدىكى يېڭى ھاياتىنى
باشلىدى.

تەھرىرلىك ھەيئىتى ئۇنىڭ ۋەتەندىكى ئائىلىسىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تەخەللۇس قوللىنىشنى
تەكلىپ قىلدى.لېكىن، ئۇ رەت قىلدى.
"مۇھتەرەم ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى مەن دوستۇڭلار گۈلچېھرە» دەپ تۇنجى
ئاڭلىتىشنى باشلىغان دەقىقىلەردە، ئۇ ئۆزىنىڭ سىڭىنىش،سۆيگۈ ،ئۈمىدلىرىنىڭمۇ رادىئو دولقۇنلىرى
ئارقىلىق ۋەتەن تۇپراقلىرىنى باغاشلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك تۇيغۇلارغا چۆمدى.ۋۇجۇدى

ھاياجان ئىلكىدە تىترىدى...

مانا ھەش-پەش دېگۈچە ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتتى.ئۇمۇ ئۆزى ئارزۇ قىلغان جەڭگىۋار سەپتە بىر كىشىلىك ئورنىنى ئالدى.دەۋانى ئۆگەندى، چۈشەندى. گەرچە ئانا ۋەتىنىنى ،ئاتا-ئانا ،ئۇرۇق-تۇققان،دوست-يارەنلىرىنى،ئۇستازلىرىنى بولۇپمۇ، ئاشۇ ئوماق سەبىي تەڭرىتاغ غۇنچىلىرىنى يۈرىكىدىن تولىمۇ سېغىنغان بولسىمۇ، ئەمما، ئەل-ۋەتەن ھۆرلىكى يولىدا خىزمەت قىلىش غايىسى ئۇنىڭغا مەدەتكار بولدى.

ئۇ خىزمەتكە چۈشۈپلا ئىشنى ئۆز تەجرىبىلىرىنى يېڭى ئورنىدا تەدبىقلاش بىلەن باشلىدى.چۈنكى ، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يېڭى بوزلۇق ئىدى. ھەركىم ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ئىشلارنى يۈرگۈزەتتى.ئەمما ھەقىقى كەسپىي خادىملار يېتەرسىز ئىدى.ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن پروگراممىلارنى باشلاش،مەزمۇنلار ئارىلىقىدا نېمىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق بىرقىسىم جەھەتلەردە پىكىرلىرىنى بېرىپ،ئۆزى باشلامچى بولۇپ يېڭىلىقلارنى قوشتى.

بېرىلگەن خەۋەرلەرنىڭ چىنلىقى،ئەمەلىيەتچانلىقىنى يەنە بىر بالداق كۆتىرىش ئۈچۈن، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدا، ئۇ تۇنجى بولۇپ ۋەتەن بىلەن تېلېفون سۆھبىتى ئېلىپ بېرىپ، خەۋەر ئىشلەپ ئۇتۇق قازاندى.كېيىنچە بۇ ئومۇملىشىپ، ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر ئورتاق تەلەپپۇزىدا خەۋەر ئوقۇش،رىياسەتچىلىك بىلەن دېكتورلۇق ئۇسلۇبىنى ئۆزلۈك گىرەلەشتۈرۈش ئۇنىڭ خاس ئۆزگىچىلىكى ئىدى.

دەۋىر تەرەققىياتى كىشىلەرگە تۈرلۈك ئىمكانلارنى سۇنۇش بىلەن تەڭ ماس قەدەمدە ئىلگىرلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.بولۇپمۇ، ئىنسانىيەت جەمىيتى ئېلېكتىرونلۇق ئۈچۈر دەۋرىگە قەدەم تاشلىغان بۈگۈنكى كۈندە بۇخىل ئۆزگىرىش تولىمۇ تېز،رىقابەت تولىمۇ كەسكىن . تۈرلۈك ئىجتىمائى ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىشى، رادىئو-تېلېۋىزىيە ساھەسىگىمۇ توختىماي خىرىسلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان گۈلچېھرە بۇ جەھەتتە كۆپ ئىزدەندى ۋە تۇنجى بولۇپ نەق مەيداندىن خەۋەر بېرىشنى سىناق قىلىپ نەتىجە قازاندى.ئۇ يەنە تۇنجى بولۇپ ئىجتىمائى تاراتقۇلارنىڭ ۋاستىلىك رولىدىنمۇ ئۈنۈملىك پايدىلىنىپ،تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە كۈچىدى.ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئەتراپلىق ئويلىنىپ ،پىلان تۈزۈپ ئىدارە رەھبەرلىكىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن تۇنجى بولۇپ >ئاچىل تېلېۋىزىيىسى<نى ئىشلەپ يولغا قويدى ھەمدە تېزلا كۆرۈرمەنلەرنىڭ ياقتۇرىشى ۋە ئالقىشىغا ئېرىشتى.نۆۋەتتە ئۇ بۇ پروگراممىنى تېخىمۇ جەلپكار قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

گۈلچېھرە كەسپ يولىدىكى پىداكار بولۇپلا قالماستىن،ئادالەت ئۈچۈنمۇ ئىككىلەنمەي كۆكرەك كەرگۈچى. 5- ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن ئىز-دېرەكسىز غايىپ بولغانلار قاتارىدا ئوغلىنىڭ دېرىكىنى قىلغان پاتىگۈل غۇلام خانىمنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرت-ئەلەم ،ئېغىر بېسىم ،كۈلپەتلەر تاشقى دۇنيادا كۈچلۈك ئىنكاسلارنى پەيدا قىلسىمۇ، ئەمما، خىتاي ھۆكۈمىتى تېخىمۇ غالجىرلىشىپ ئۇنى تۈرمىگە تاشلىدى.بۇ زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرۇپ، بىگۇناھ ئانىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاتلانغانلار قاتارىدا گۈلچېھرەمۇ بار ئىدى.ئۇ ئۆز ئورنىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ،پاتىگۈل غۇلام ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئىمكانىنىڭ يېتىشىچە دۇنياغا ئاشكارىلاپ تۇرۇش بىلەن بىللە، تۇردا پاتىگۈل غۇلامنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىمزا توپلاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى.ئىزچىل ۋە قەتئى ھالدا ئېلىپ بېرىلغان تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە، پاتىگۈل غۇلام ئاخىرى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى...

ئۇ ئەنە شۇنداق ھاياتىنىڭ ھەر تەرىپىگە تەڭ نەزەر سېلىشقا تىرىشىدىغان پىداكار

،مېھرىبان،ھەققانىيەتچى ئۇيغۇر قىزى.

ۋەتەندىن ئايرىلغان ۋەتەن ئاشىقلىرى چۈشۈدىمۇ ۋەتەنگە بېرىپ چۈشەيدۇ، ئويغىنىپ يىغلايدۇ. بۇ چۈشنى تەكرا تەكرار كۆرۈپ ياشايدۇ. بۇ ئىزتىراپ، بۇ ھىجراننى ىپگشقا كۈچ قۇۋۋەت نەدىن كېلىدىغاندۇ ؟ دەپ ئويلايدىغانسىز.

گۈلچېھرەمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس .ئۇمۇ دائىم ۋەتەننى چۈشەيدۇ.ھىجران ئوتىدا تولغىنىدۇ.ۋەتەنسىزلىك دەردىنى تارتىۋاتقان ھەربىر ئىنسان بۇنى بەكمۇ ياخشى چۈشىنىدۇ.ئەمما، ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئۈمىتسىزلىككە چۈشمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىردان ھەمراھى ۋە سۆيۈملۈك باللىرى بىلەن قۇرۇپ چىققان كىچىككىنە بىر ۋەتىنى ـ ئائىلىسى بىلەن قەلب يارىلىرىغا مەلھەم سۈركەيدۇ.ئۇ بۇ كىچىك تېرىتوتىيەدە ئانا ۋەتەننىڭ ئىخچام مودېلىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى.باللىرىغا ئۆزىنىڭ باللىق ھاياتىنى ،مەھەللىسنى،تونۇش كىشلەرنى،بوۋا-موملىرىنى ،ۋەتەن تۇپراقلىرىنى،ھەتتا ئوينىغان ئويۇنلىرىدىن يىگەن تاماق،تېتىغان مېۋىلىرىگىچە سۆزلەپ بېرىدۇ ھەم «چوقۇم بىر كۈنى سىلەرنى ئېلىپ ۋەتەنگە كېتىمىز »دىگەننى تەكرارلايدۇ. باللارمۇ ۋەتەننىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا ھېرىسمەن.. ئىنسان ئۈچۈن ئۈمىدنىڭ رولى ئاجايىپ زور. ئۈمىد ئىنساننى ھەر بىر كۈننى ھاياجان بىلەن خوشال كۈتىۋېلىشقا ئۈندەيدۇ ....

ھەتتا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئىخشانىسىمۇ كىچىك ۋەتەنگە ئوخشايدۇ، پۈتۈنلەي تونۇش ئادەملەر، ئۇيغۇرنىڭ چىرايى، ئۇيغۇرنىڭ تىلى .قىلىقلارمۇ ئۇيغۇرچە... كۆڭدە يېڭى تۇيغۇ، يېڭى خەۋەر، يېڭى روھ، گاھ خەلق غېمىگە تەڭ يىغلاشسا ،گاھ ئۇلار بىلەن تەڭ كۈلىشىدۇ... ئازابىمۇ بار، بەختىمۇ بار. ئۇنى ئەڭ سۆيۈندۈرىدىغىنى ،گەرچە ئارىدىن يىللار ئۆتسىمۇ، زىيارەت ئېھتىياجى بىلەن ۋەتەنگە تېلېفون قىلغىنىدا، كىشلەرنىڭ ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇۋېلىشى. دىمەك، ئۇ شۇنى ھېس قىلدىكى ،خەلقى ئۇنى ئۇنتۇماپتۇ.ئەل ئۈچۈن بارلىقنى پىدا قىلغان ئەل قىزىنى ئەلمۇ ھەردەم ياد ئېتىپ تۇرۇۋېتىپتۇ.ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق كاتتا مۇكاپات بولامدۇ؟ ئۇ دائىم دادىسىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسلەيدۇ: « بالام ئىنسانلار 3 خىل بولىدۇ. بىرى، پەقەت ئۆزى، ئۆز ئارزۇلىرى ئۈچۈنلا ياشايدىغانلار، يەنە بىرلىرى بولىدۇ، بىر قەۋم ياكى بىر توپلۇق ئۈچۈن ياشايدىغان، ئەڭ ئۇلۇغلىرى بولسا پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياشايدىغانلار. ئاللاھقا شۈكرى، بىز گەرچە 3 - سى بولالمىغان بولساقمۇ، -1 سىدىن ئەمەسمىز ...» . ئۇمۇ دادىسىدەك، بوۋىلىرىدەك ياشاشقا تىرىشىپ كەلدى ،شۇنىسى ئېنىقكى ئۇ ئاللىبۇرۇن ئىككىنچى ھاياتنى باشلاپ بولدى.ئەمدى ئۈچىنچى خىل ئىنسانلاردىن بولۇش يولىدا قەدەم تاشلىماقتا....بۇ ئۇنىڭ غايىسى .